# پارتىيەنىڭ شەرەپلىك ئەنئەنىسى ۋە ئېسىل ئىستىلىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى جاسارەت بىلەن ئالغا سىلجىتىش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

سىياسىي ئىجرا قىلىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، پارتىيەنىڭ غېمىنى يېيىش، دۆلەت ئۈچۈن مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىش، خەلق ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلاشقا ئىرادە تىكلەپ، باتۇرلۇق بىلەن جاپا ـ مۇشەققەتنى زىممىگە ئېلىپ، قىيىنچىلىقنى زىممىگە ئېلىپ، ئېغىر يۈكنى زىممىگە ئېلىپ، خەۋپ ـ خەتەرنى زىممىگە ئېلىپ، ئەمەلىي ھەرىكەت ئارقىلىق پارتىيەگە بولغان سادىقلىقنى شەرھلەش كېرەك.

ئىككىنچىدىن، نەزەرىيەنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، ئاڭلىق ھالدا شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى بىلەن كاللىنى قوراللاندۇرۇش، ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىش، خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولۇش كېرەك. شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىپ ئىگىلەش، پۇختا ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىشلىتىشنى باش سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، ئەينەن ئۆگىنىپ، قايتا ـ قايتا ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، چوڭقۇر، ئۇزاققىچە ئۆگىنىپ، ئاڭلىق ھالدا شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ قەتئىي ئېتىقادچىلىرى ۋە سادىق ئەمەلىيەتچىلىرىدىن بولۇش كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، ئامما بىلەن زىچ ئالاقە باغلاپ، باشتىن ـ ئاخىر خەلقنى قەلبتە ئەڭ يۇقىرى ئورۇنغا قويۇش كېرەك. خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، جان ـ دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش تۈپ مەقسىتىنى چىڭ ساقلاپ، «مەن ئۆزۈمنى ئۇنتۇغان ھالدا ئىشلەپ، خەلقنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويمايمەن» دېگەن مەنىۋى مەنزىلىنى ئۈزلۈكسىز قوغلىشىپ، ئەسلى مەقسەت، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ئاممىۋى لۇشيەننى سادىقلىق بىلەن ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، چىن قەلب، چىن ھېسسىيات، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئامما «ئالدىراۋاتقان، قىينىلىۋاتقان، ئەنسىرەۋاتقان، تەقەززا بولۇۋاتقان» مەسىلىلەرنى ياخشى ھەل قىلىپ، ھەر مىللەت ئاممىنى تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ بىۋاسىتە، تېخىمۇ ئەمەلىي بولغان ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىغا ئېرىشتۈرۈش كېرەك.

تۆتىنچىدىن، پارتىيە ئىچىدىكى سىياسىي تۇرمۇشنى چىڭىتىپ، باتۇرلۇق بىلەن تەنقىد ۋە ئۆزىنى ئۆزى تەنقىد قىلىشنى قانات يايدۇرۇش كېرەك. دېموكراتىك مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى قەتئىي ئىجرا قىلىپ، مۇھىم، زور ئىشلاردا يولىيورۇق سوراش، دوكلات قىلىش تۈزۈمىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دائىم پارتىيە نەزەرىيەسىگە سېلىشتۇرۇپ، پارتىيە نىزامنامىسى، پارتىيە قائىدىسى، پارتىيە ئىنتىزامىغا سېلىشتۇرۇپ، ئەسلىي مەقسەت، بۇرچقا سېلىشتۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرما ـ تەلەپلىرىگە سېلىشتۇرۇپ، تەنقىد ۋە ئۆزىنى ئۆزى تەنقىد قىلىشنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇش، خاتالىقنى تۈزىتىش، ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش، خىزمەتلەرنى ئالغا سىلجىتىش مەقسىتىگە يېتىش كېرەك.

بەشىنچىدىن، كۈرەش قىلىش روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، تىرىشىپ كۈرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلىدىغان، كۈرەش قىلىشقا ماھىر باتۇرلاردىن بولۇش كېرەك. كۈرەش قىلىش ئارقىلىق چېنىقىشنى ئاڭلىق كۈچەيتىپ، كۈرەش ئىرادىسىنى چىڭىتىپ، كۈرەش قىلىش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈپ، كۈرەش قىلىش ئارقىلىق تاۋلىنىشنى كۈچەيتىپ، كۈرەش قىلىش جەريانىدا كۈرەش قىلىشنى ئۆگىنىپ، كۈرەش قىلىش جەريانىدا ئۆسۈپ يېتىلىپ، يۈكسىلىپ، مۇرەككەپ، كەسكىن كۈرەش داۋامىدا بوران ـ چاپقۇنلارنى باشتىن كەچۈرۈپ، جاھان ئىشلىرىدىن خەۋەردار بولۇپ، بەلنى رۇسلاپ، كۈرەش قىلىشتىكى ھەقىقىي قابىلىيەت ۋە ھەقىقىي ماھارەتنى يېتىلدۈرۈش كېرەك.

ئالتىنچىدىن، داۋاملاشتۇرۇپ جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىپ، يېڭى دەۋر، يېڭى مۇساپىدە پارتىيەگە ئۆزىنى بېغىشلاپ، ۋەتەنگە جاۋاب قايتۇرىدىغان كۈرەش قىلىش ئىزىنى قالدۇرۇش كېرەك. ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەشتە چىڭ تۇرۇپ، راستچىل، ئەمەلىيەتچىل بولۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى قاتتىق تۇتۇپ، شەكلىۋازلىق، بيۇروكراتلىقتىن قاتتىق ساقلىنىپ، ھەقىقىي تۈردە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئىنچىكىلەشتۈرۈپ كونكرېت تەدبىرگە ئايلاندۇرۇش، كونكرېت ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇش كېرەك؛ ئىقتىسادچىل تۇرمۇش كەچۈرۈش ئىدىيەسىنى پۇختا تۇرغۇزۇپ، تېجەشلىك، ئاددىي ـ ساددا بولۇش، ھەشەمەتچىلىكتىن قاتتىق ساقلىنىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئۆزىنى تاكامۇللاشتۇرۇش، ئىقتىسادچىللىق بىلەن كەسىپنى گۈللەندۈرۈش كېرەك؛ قاتتىق بولۇش ئاساسىي رىتىمدا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشنى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىستىل دۇرۇس، كەيپىيات توغرا بولغان سىياسىي ئېكولوگىيە بەرپا قىلىش كېرەك.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ، ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنى، مەملىكەتلىك ئىككى يىغىن ۋە 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، مەۋقەنى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قويۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىپ، تەرەققىيات ۋە بىخەتەرلىكنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، مەڭگۈ بوشاشمايدىغان روھىي ھالەت ۋە توختىماي ئىلگىرىلەيدىغان كۈرەش قىلىش ھالىتى بىلەن، جەمئىيەت مۇقىملىقى، يۇقۇمنىڭ دائىملىق ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش خىزمىتىنى ھەقىقىي ياخشى تۇتۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، «14 ـ بەش يىل»دا ئىشنى ياخشى باشلاش، قەدەمنى ياخشى ئېلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. باشتىن ـ ئاخىر پارتىيەنىڭ ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى كۈچەيتىشنى شىنجاڭ خىزمىتىنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا سىڭدۈرۈپ، پارتىيەنىڭ سىياسىي قۇرۇلۇشىنى بىرتۇتاش يېتەكچى قىلىپ، رەھبەرلىك بەنزىسى ۋە كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى ۋە ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى سىن يىغىنى شەكلىدە ئېچىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى پارتىيە مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىلار ۋەكىللىرى ۋە ئوتتۇرا ياش، ياش كادىرلارنى تەربىيەلەش كۇرسىنىڭ كۇرسانتلىرى ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىغا قاتناشتى، ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىدىكى مەسئۇل يولداشلار ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىغا سىرتتىن قاتناشتى.

## ئاپتونوم رايون ئورمان، ئوتلاقتا ئوتتىن مۇداپىئەلىنىش ـ ئوت ئۆچۈرۈش خىزمىتى تېلېۋىزىيە ـ تېلېفون يىغىنى ئاچتى

ئانار بولۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى لىيۇ يى خەۋەر قىلىدۇ: 3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايون ئورمان، ئوتلاقتا ئوتتىن مۇداپىئەلىنىش ـ ئوت ئۆچۈرۈش خىزمىتى تېلېۋىزىيە ـ تېلېفون يىغىنى ئېچىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ 2020 ـ يىللىق ئورمان، ئوتلاقتا ئوتتىن مۇداپىئەلىنىش ـ ئوت ئۆچۈرۈش خىزمىتىنى خۇلاسىلەپ، بۇ يىللىق، بولۇپمۇ ئەتىيازلىق ئوتتىن مۇداپىئەلىنىش مەزگىلىدىكى ئورمان، ئوتلاقتا ئوتتىن مۇداپىئەلىنىش ـ ئوت ئۆچۈرۈش ۋەزىيىتىنى تەھلىل قىلىپ، نۇقتىلىق خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەركىن تۇنىياز يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: 2020 ـ يىلى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئورمان، ئوتلاقتا ئوتتىن مۇداپىئەلىنىش ـ ئوت ئۆچۈرۈش خىزمىتى تۈزۈم ـ مېخانىزمى ئۈزلۈكسىز تاكامۇللىشىپ، مەنبەدىن تۈزەش ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىلدى، ئۇنىۋېرسال ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئىقتىدارى كۆرۈنەرلىك ئۆستى، ئورمان، ئوتلاقتا ئوتتىن مۇداپىئەلىنىش ـ ئوت ئۆچۈرۈش ۋەزىيىتى سىجىل مۇقىم، ياخشى بولدى. بىخەتەرلىك قىزىل سىزىقنى قەتئىي ساقلاپ، سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، ئادەم سەۋەبچى بولغان ئېغىر، زور ئوت ئاپىتى يۈز بەرمەسلىككە، ئېغىر، زور تالاپەت كۆرۈلمەسلىككە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: نۆۋەتتىكى نۇقتىلىق نىشان ـ ۋەزىپىلەرنى ئىگىلەپ، تاغنى قامال قىلىش، ئادەمنى باشقۇرۇش، ئوتنى كونترول قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. بىخەتەرلىك يوشۇرۇن خەۋپىنى ئۈچ يىللىق تۈزەش ھەرىكىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، خەتەر يوشۇرۇن خەۋپىنىڭ تېگى ـ تەكتىنى ئېنىقلاش، ئەھۋالنى ئېنىق بىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، چەت ئەلدىكى ئوت ئاپىتىنىڭ چېگرا ھالقىپ كىرىشىدىن قاتتىق مۇداپىئەلىنىش كېرەك. جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش تەييارلىقىنى كۈچەيتىپ، ئالدىن لايىھە بولۇش، قوشۇن بولۇش، ئۇل ئەسلىھە بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. ئوت ئەھۋالىنى بالدۇر بايقاش، بالدۇر مەلۇم قىلىش، بالدۇر بىر تەرەپ قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، «ئورمان، ئوتلاقتا ئوتتىن مۇداپىئەلىنىشتە ھەممە كىشىنىڭ مەسئۇلىيىتى بار بولۇش، ھەممە كىشى قوللاش»تەك خىزمەت ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىپ، خىزمەت بىرىكمە كۈچىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئوت ئاپىتىنىڭ زىيىنى ۋە ئائىلىلەرگە ئوت ئۆچۈرۈش سايمانلىرىنى سەپلەشنىڭ مۇھىملىقىنى چوڭقۇر تونۇتۇپ، ئاھالىلەرنىڭ ئوت مۇداپىئە بىخەتەرلىكى ئېڭىنى ھەقىقىي ئۆستۈرۈپ، ئائىلىلەردىكى ئوت ئاپىتى ۋەقەلىرىنىڭ ئۇنۇملۇك ئالدىنى ئېلىپ ۋە ئۇنى تۈگىتىپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى، مال ـ مۈلۈك بىخەتەرلىكى ۋە پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئېكولوگىيە بىخەتەرلىكىنى ھەقىقىي قوغداپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەش كېرەك.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

سانلىق مەلۇماتلاردا كۆرسىتىلىشچە، 1 ـ ئاي ۋە 2 ـ ئايدا، خەلق تۇرمۇشى ساھەسىگە ئىشلىتىلگەن چىقىمنىڭ مالىيە چىقىمىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 72.1% ۋە 78.4%كە يەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە: ئىجتىمائىي كاپالەت ۋە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش چىقىمى 43.9% ئاشقان، سەھىيە ـ ساغلاملىق چىقىمى 50.5% ئاشقان، مائارىپ چىقىمى 26.9% ئاشقان، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇچىلىق چىقىمى 78.3% ئاشقان، شەھەر ـ يېزا مەھەللە چىقىمى 36.5% ئاشقان. خەلق تۇرمۇشى بەخت ـ سائادىتى سىجىل ياخشىلىنىپ، مۇقىملىق پايدىسى، تەرەققىيات نەتىجە ـ ئۈنۈمى پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىغا تېخىمۇ كۆپ نەپ يەتكۈزۈپ، ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى يەنىمۇ ئاشۇرغان.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايون مالىيەسى يەنە ئاساسىي قاتلامنى قوللاش سالمىقىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كۈچەيتتى. 1 ـ ئايدىن 2 ـ ئايغىچە، ئاپتونوم رايوننىڭ شۇ دەرىجىلىك چىقىمى 39.3% ئېشىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون چىقىمىدا ئىگىلىگەن سالمىقى 27.8% بولدى؛ ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر) دەرىجىلىك چىقىم 41.1% ئېشىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون چىقىمىدا ئىگىلىگەن سالمىقى 72.2% بولدى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

چوڭقۇر مۇھەببەت ۋە زور ئۈمىد ئەستە چىڭ ساقلىنىپ، مەۋقە يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قويۇلۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىندى، شىنجاڭ يۇقىرى سۈپەتنى چىڭ كۆزلەپ، يېڭى تەرەققىياتنى قولغا كەلتۈرمەكتە.

### يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتتا يېڭى نەتىجە ـ ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى

3 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، باۋشەن پولات ـ تۆمۈر گۇرۇھى شىنجاڭ «1 ـ ئاۋغۇست» پولات ـ تۆمۈر چەكلىك شىركىتى تەۋەسىدە قىسقارتىلىپ (1 ـ ئاۋغۇست پولات ـ تۆمۈر شىركىتى دېيىلىدۇ) تۆمۈر تاۋلاش زاۋۇتى تۆمۈر تاۋلاش 2 ـ شۆبە زاۋۇتىنىڭ C دومنا پېچى تۆمۈر چىقىرىش سۇپىسىدا، قىپقىزىل چوغدەك تۆمۈر ئېرىتمىسى ئېتىلىپ چىقتى. بۇ جاي شىركەت ئىشلەپچىقىرىشىدىكى باشلامچى بولۇپ، كۈندىلىك تۆمۈر ئېرىتمىسى ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى 18 مىڭ توننىغا يېتىدۇ.

«بىز يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى تولۇق، دەل جايىدا، ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاكتىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنىڭ تەلىپى بويىچە، سىرتقى جەھەتتە دائىرىنى كېڭەيتىپ، ئىچكى جەھەتتە بوغما ھالەتنى بۇزۇپ تاشلىدۇق، بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى ئىككى ئېيىدا، باش ئىشتاب ۋە قايتا تەشكىللەنگەن ئىككى كارخانا ئومۇمىي ئىشلەپچىقارغان تۆمۈر، پولات، ماتېرىيال ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 1 مىليون 152 مىڭ 100 توننا، 1 مىليون 212 مىڭ 400 توننا، 1 مىليون 138 مىڭ 300 توننىغا يېتىپ، ئۇدا ئىككى ئاي پايدا ئېلىندى، بۇ، «1 ـ ئاۋغۇست» پولات ـ تۆمۈر شىركىتىنىڭ 70 يىللىق تەرەققىيات تارىخىدىمۇ تۇنجى قېتىملىق ئىش ھېسابلىنىدۇ» دېدى «1 ـ ئاۋغۇست» پولات ـ تۆمۈر شىركىتى پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، باش مۇدىر شياۋ گودۇڭ پەخىرلەنگەن ھالدا.

سانلىق مەلۇماتلار ئۈن ـ تىنسىز بولسىمۇ، شىنجاڭنىڭ كۆزنى چاقنىتىدىغان رەڭدار تەرەققىيات نەتىجىلىرىگە گۇۋاھ بولالايدۇ: 3 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ئېلان قىلىنغان «ئاپتونوم رايوننىڭ 2020 ـ يىللىق خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئىستاتىستىكا ئاخباراتى»دا كۆرسىتىلىشچە، 2020 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادى ئالدىنقى يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن 3.4% ئاشقان.

يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى پۈتۈن يەر شارىغا يامرىغان، دۇنيا ئىقتىسادى ئېغىر دەرىجىدە چېكىنىشكە پاتقان، تاشقى مۇھىت تېخىمۇ مۇرەككەپ، كەسكىن بولغان ئەھۋالدا، بۇ 3.4%نىڭ قىممىتى يۇقىرى —— بولتۇر پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى (GDP) 1 تىرىليون 379 مىليارد 758 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئىشلەپچىقىرىش سىجىل قايتا ئۆرلىدى، ئېھتىياج مۇقىم ئەسلىگە كەلدى، تەرەققىيات سۈپەت ـ ئۈنۈمى ئۆستى، ھاياتىي كۈچى ئۈزلۈكسىز ئاشتى؛

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يېزىلاردىكى 3 مىليون 64 مىڭ 900 نامرات نوپۇسنىڭ ھەممىسى نامراتلىقتىن قۇتۇلدى، 3666 نامرات كەنتنىڭ ھەممىسى نامراتلىقتىن چېكىندى، 35 نامرات ناھىيەنىڭ ھەممىسى نامراتلىق قالپىقىنى ئېلىۋەتتى، شىنجاڭنىڭ مۇتلەق نامراتلىق مەسىلىسى تارىخىي خاراكتېرلىك تۈگىتىلدى؛

پۈتۈن يىلدا شەھەر ـ بازارلاردا يېڭىدىن 461 مىڭ 100 ئادەم ئىشقا ئورۇنلاشتى، يېزىلاردىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىدىن 3 مىليون 154 مىڭ 700 ئادەم قېتىم يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. پۈتۈن يىلدا پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ئاھالىلەرنىڭ ئىلكىدىكى كىشى بېشى كىرىمى 23 مىڭ 845 يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 3.2% ئاشتى، باھا ئامىلىنى چىقىرىۋەتكەندە، 1.7% ئەمەلىي ئاشتى... خەلق تۇرمۇشى كاپالىتى كۈچلۈك بولدى.

«نەتىجىلەر تەستە قولغا كەلدى، جاپالىق تىرىشىشتىن كەلدى.» ئاپتونوم رايونلۇق ئىستاتىستىكا ئىدارىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، ئىدارە باشلىقى، ئاخبارات باياناتچىسى شۇ بىن مۇنۇلارنى بىلدۈردى: پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە قەتئىي تەۋرەنمەي يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىپ، يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنى يېتىلدۈرۈپ، زورايتىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتتا يېڭى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلۈپ، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىنى باشلاش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىندى.

### ھەرىكەت ئېنېرگىيەسى ئۆزگەرتىلىپ تەرەققىيات يېڭى يولى ئېچىلدى

تاڭ سەھەر، خوتەن شەھىرى يۈرۈڭقاش بازىرىنىڭ داۋا بازار كەنتى يەنىلا جىمجىت ئىدى، لېكىن كەنت بېشىدىكى تونۇردىن ئىسسىق ھور چىقىۋاتقان بولۇپ، ناننىڭ مەززىلىك ھىدى ئەتراپقا تارالغانىدى. ناۋاي ئۇستام مەمتىبىلى ئوبۇلھەسەن ئىنتايىن ئالدىراش ھالدا: «ئەتىگەن سائەت 5تىلا خېمىر يۇغۇرۇش، ئوت يېقىشنى باشلايمىز، ھەر كۈنى ئاز دېگەندە 600 نان ياقىمىز، بۇنىڭغا بەش ـ ئالتە خالتا ئۇن كېتىدۇ» دېدى.

سانائەتلەشتۈرۈشنىڭ ئەنئەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش شەكلىنى قايتا بەرپا قىلىشىغا ئەگىشىپ، بۈگۈنكى كۈندە، نان شىنجاڭنىڭ خاس، ئەۋزەل كەسىپلىرىنىڭ ئۈلگىسىگە ئايلاندى. بۇ يىل 1 ـ ئايدا، ئۈرۈمچى شەھەرلىك نان مەدەنىيىتى كەسىپلەر باغچىسى سۈپەتنى ئۆستۈرۈپ، كۆلەمنى كېڭەيتكەندىن كېيىن يېڭىچە قىياپەتتە نامايان بولۇپ، كەسىپلەرنى يۇغۇرۇشقا تېخىمۇ ئەھمىيەت بەردى، «1 ـ كەسىپنى ئۇلاش، 2 ـ كەسىپنى مەۋقە قىلىش، 3 ـ كەسىپ بىلەن قول تۇتۇشۇش» تېرىقچىلىق، ساياھەت، يېمەك ـ ئىچمەك، ئېلېكترونلۇق سودا، ئەشيا ئوبوروتى قاتارلىق ھەرقايسى كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپلا قالماي، يەنە نانچىلىق كەسپىنىڭ تەرەققىيات ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنى ئۇرغۇتتى.

نانچىلىق كەسپى شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئەلالاشقانلىقىنىڭ بىر كارتىنىسى.

3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدىن بۇيان، شىنجاڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات ئارقىلىق پۈتۈن ۋەزىيەتنى بىرتۇتاش ئىگىلەپ، يېڭىلىق يارىتىشنى بىرىنچى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش ئىستراتېگىيەسىنى چوڭقۇر يولغا قويۇپ، پەن ـ تېخنىكا نەتىجىلىرىنى يۆتكەپ ئايلاندۇرۇشنى تېزلىتىپ، كارخانىلارنىڭ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشنى ئالغا سىلجىتىپ، سانائەتنىڭ ئاساسىنى كۈچەيتىپ ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش ۋە تىپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ كەسىپنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىپ، خاس، ئەۋزەل كەسىپلەرنى يېتىلدۈرۈپ، زورايتىپ، تەرەققىياتنىڭ يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسى، يېڭى ئەۋزەللىكنى بارلىققا كەلتۈردى.

تارىم ئويمانلىقىنى چۆرىدىگەن خاس باغ ـ ئورمانچىلىق بازىلىرىنىڭ كەسىپ زەنجىرىنى ئۇزارتىشتىن چارۋىچىلىقنى گۈللەندۈرۈش ھەرىكىتىگىچە؛ يۇمشاق دېتال ۋە ئۇچۇر كەسپىدىكى بولۇتتا «ئەقىل» توپلاشتىن، چوڭ تىپتىكى ياسىمىچىلىق كەسپىدە تېخنىكا تەتقىق قىلىپ ئېچىش ۋە «تىيانشان بولۇت جىلغىسى»نىڭ ئەمەلىي قوللىنىدىغان مۇلازىمىتىگىچە... بۈگۈنكى كۈندىكى شىنجاڭ تۇپرىقىدا يۈرگىنىڭىزدە يېڭى تەرەققىيات كۈچلىرىنىڭ تېز قەد كۆتۈرگەنلىكىنى ھەممىلا يەردە كۆرەلەيسىز.

«شىنجاڭ مۇھىم نۇقتىنى تۇتۇپ، كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، ئاجىز تۈرلەرنى كۈچەيتىپ، دىققەتنى ئەنئەنىۋى ئەۋزەل كەسىپلەرنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش ۋە ئىستراتېگىيەلىك يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كەسىپلەرنى يېڭىلىق يارىتىپ تەرەققىي قىلدۇرۇش، يېڭى، كونا ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنىڭ ئالمىشىشىنى تېزلىتىشكە مەركەزلەشتۈرۈپ، كەسىپلەرنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا قاراپ تىپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى سىجىل ئالغا سىلجىتىپ، ئىقتىسادنىڭ سۈپەت ئۈنۈمى ۋە يادرولۇق رىقابەت كۈچىنى ئۆستۈردى» دېدى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئىقتىساد تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى سۇڭ جيەنخۇا.

2020 ـ يىلى، شىنجاڭنىڭ يۇقىرى تېخنىكىلىق ياسىمىچىلىقنىڭ قوشۇلما قىممىتى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 25% ئاشتى؛ سانائەتتىكى ئىستراتېگىيەلىك يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كەسىپلەرنىڭ قوشۇلما قىممىتى 20.5% ئاشتى، ئېشىش سۈرئىتى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا كۆلەمدىن يۇقىرى سانائەت قوشۇلما قىممىتىدىن 18.1 پىرسەنت پويىنت ۋە 13.6 پىرسەنت پويىنت يۇقىرى بولدى.

شىنجاڭنى ساياھەت ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنىڭ زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ، ساياھەتچىلىك تەرەققىياتىنىڭ تېز سۈرئەتلىك يولغا كىردى، گەرچە بولتۇر يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، كۈتۈۋېلىنغان چېگرا ئىچى ـ سىرتىدىن كەلگەن ساياھەتچىلەر يەنىلا 158 مىليون ئادەم (قېتىم)دىن ئېشىپ، شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىدىكى گەۋدىلىك يارقىن نۇقتىغا ئايلاندى.

### ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش تەرەققىيات زاپاس كۈچىنى پۇختىلىدى

3 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى، كىيىم ـ كېچەك، تۈرلۈك ماللار، ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلەر، ئاپتوموبىل زاپچاسلىرى قاتارلىق قاچىلانغان جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى ئاستا ـ ئاستا ئالاتاۋ بېكىتىدىن چىقىپ، مەنزىلگاھى پولشا مالاشېۋىچقا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. بۇ، بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان بۇ پورت ئارقىلىق چېگرادىن كىرىپ ـ چىققان 1000 ـ قېتىملىق جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى بولۇپ، بولتۇرقىدىن 35 كۈن مۇددەتتىن بۇرۇن قاتناندى.

«بىر بەلباغ، بىر يول» قۇرۇلۇشىدىكى ئەڭ پىشقان ئۈلگە بولۇش سۈپىتى بىلەن، جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى خەلقارا كەسىپ زەنجىرى تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىش، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشقا مۇلازىمەت قىلىشنى مۇھىم تىرەك بىلەن تەمىنلىدى.

ئۈرۈمچىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بەش جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىز تۈگۈن نۇقتىسى شەھەردە جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى يىغىلىش مەركىزى ئۈلگە كۆرسىتىش قۇرۇلۇشىنى قانات يايدۇرۇش تەستىقلاندى؛ ئۈرۈمچى خەلقارا قۇرۇقلۇق پورت رايونى قۇرۇلۇشىدا مۇھىم، زور ئىلگىرىلەش قولغا كەلتۈرۈلدى؛ تارباغاتاي نۇقتىلىق ئېچىش ـ ئېچىۋېتىش سىناق رايونى گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقى جاۋابىغا ئېرىشتى...

خۇشاللىق بىلەن ئىلگىرىكىنى ئەسلىگىنىمىزدە، 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدىن بۇيان، شىنجاڭ «بىر پورت، ئىككى رايون، بەش چوڭ مەركەز، پورت ئىقتىساد بەلبېغى»نى يېتەكچى قىلىپ، ئۆزىنىڭ رايون خاراكتېرلىك ئېچىۋېتىش ئىستراتېگىيەسىنى دۆلەتنىڭ غەربكە ئېچىۋېتىش ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرمىسىغا كىرگۈزۈپ، ئېچىۋېتىش، ئىلگىرىلەشنىڭ تەرەققىيات كارتىنىسىنى سىزىپ چىقتى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھات، دۆلەت مۈلكى، دۆلەت كارخانىلىرى، تېببىي دورا ـ سەھىيە، مالىيە ـ پۇل مۇئامىلىسى، يېزا ئىگىلىكى ـ يېزا، ئېنېرگىيە بايلىقى قاتارلىق نۇقتىلىق ساھەلەر ۋە ئاچقۇچلۇق ھالقىلارنىڭ ئىسلاھاتىدا پائال ئىلگىرىلەشلەر قولغا كەلتۈرۈلۈپ، شىنجاڭنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتى ئۈچۈن تۈگىمەس ھەرىكەت ئېنېرگىيەسى مۇجەسسەملەندى.

شىنجاڭنىڭ بازار سۇبيېكتى ئومۇمىي مىقدارىنىڭ 2 مىليوندىن ئېشىشى بۇنىڭ ئەڭ ياخشى دەلىلى. «ياخشى تىجارەت ـ سودا مۇھىتى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى، رىقابەت كۈچىدۇر.» ئاپتونوم رايونلۇق بازار نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئىدارىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى شۇ شياۋنىڭ مۇنداق دېدى: مۇقىملىق پايدىسىنىڭ قويۇپ بېرىلىشى ۋە تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئەلالىشىشىغا ئەگىشىپ، بازار سۇبيېكتىنىڭ ھاياتىي كۈچى يەنىمۇ ئۇرغۇتۇلۇپ، ئاپتونوم رايونىمىز ئىقتىسادىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن تېخىمۇ كۈچلۈك ھەرىكەت ئېنېرگىيەسى قوشۇلدى.

تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا، زور بىر تۈركۈم قاتناش، سۇچىلىق، ئېنېرگىيە قاتارلىق مۇھىم، زور ئۇل ئەسلىھە تۈرلىرى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ، شەھەر ـ يېزىلارنىڭ قىياپىتىنى چوڭقۇر ئۆزگەرتتى، شۇنداقلا يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنىڭ ئاساسى ۋە زاپاس كۈچىنى پۇختىلىدى.

ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىنىڭ باشلىنىشىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭ تېخىمۇ تەشەببۇسكار قىياپەت، تېخىمۇ مۇستەھكەم قەدەم بىلەن يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنىڭ يېڭى مەنزىلىگە قەدەم قويماقتا.